1) «ـه». مەد نىڭ «ه» ھەرپى پىچلىق ياكى زىرلىق بولۇپ، ئالدى ــ كەينى تەڭ ھەرىكەتلىك كەلسە، «ه» ھەرپمۇ تەبىئىي مەد نىڭ بولىدۇ. مەسىلەن، **لَهُ مَا**. يۇقىرىقى شەرتنىڭ بىرى كەم بولۇپ قالسا، «ه» ياكى « ـه» ھەرپى تەبىئىي مەد بولالمايدۇ. مەسىلەن، **فَلْيَصُمْهُ، اجْتَبَاهُ وَهَدَاهُ**.

2) **اَلْمَدُّ الْبَدَلُ** (ئالماش مەد)

ئالدىدا ھەمزە كېلىپ، كەينىدىن مەد ھەرپى كەلسە، ئىمام ھەفس نىڭ رىۋايىتىدە ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدۇ. مەسىلەن، **اٰمَنُوا، اُوْتُوْا، اِيْمَانًا**.

3) **اَلْمَدُّ الْعِوَضُ**(قەرز مەد)

ئۇلاپ ئوقۇلغان چاغدا، تەنۋىن (جۈپ زەبەر) بىلەن ئوقۇلىدىغان، توختىغان چاغدا زەبەرنى ئەلىفقا قەرز ئېلىپ بېرىدىغان

ھەم ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدىغان (جۈپ زەبەر) تۇر. مەسىلەن، **غَفُوْرًا، رَحِيْمًا**

1. ياردەمچى مەد

1) **اَلْمَدُّالْمُتَّصِلْ** (ۋاجىپ مەد)، بىر سۆزنىڭ ئىچىدە مەد ھەرپى كېلىپ، شۇ الم ھەرپىدىن ھەمزە كەلسە، شۇ مەد مە د ھەرپىنىڭ ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىشى زۆرۈر. مەسىلەن: **اَلسَّمَآءُ، وَجَآىءَ، اَلسُّوْٓءُ.**

2) **اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلُ** (جايىز مەد)

بىر سۆزنىڭ ئاخىرى مەد ھەرپى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشى ھەمزە بىلەن باشلانسا، بۇ خىل مەدنى ئىككى ھەرىكەت، تۆت ھەرىكەت، ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، **اِنَّا اَنْزَلْنَاهُ.**

3) **اَلْمَدُّ الْعَارِضُ لِلسُّكُوْنِ** (ئارىيەت مەد)

مەد ھەرپىدىن كېيىن ھەرىكەتلىك بىر ھەرپ كەلسە، شۇ ھەرپتە توختىماقچى بولغاندا، بۇ ھەرىكەتلىك ھەرپكە ساكىنىنى ئارىيەت بېرىلىدۇ. شۇ مەد ھەرپىنى ئىككى ھەرىكەت، تۆت ھەرىكەت، ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇشقا بولىدۇ. (سوزۇشتا ئىككى ھەرىكەت مىقدارىچىلىك سوزۇش **قَصْرٌ** دېيىلىدۇ. تۆت ھەرىكەت مىقدارىچىلىك سوزۇش **تَوَسُّطُ** دېيىلىدۇ، ئالتە مىقدارىچىلىك ھەرىكەت سوزۇش **تَوَسُّطُ** بولسا مەد دېيىلىدۇ).
مەسىلەن: **اَلرَّحِيْمُ، نَسْتَعِيْنُ.**

4) اَلْمَدُّ الاَّزِم (لازىم مەد)

بۇ مەد ھەرپىدىن كېيىن لازىملىق ساكىن كەلگەن مەدتۇر، بۇ خىل مەد ھەرپتە ۋە سۆزدە بولىدۇ. بۇنىڭ لازىم مەد دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ مەيلى ئۇلاپ ئوقۇغاندا، ياكى توختىغاندا ساكىن بولغانلىقى ياكى سوزۇلىدىغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇڭا، بۇ خىل مەد نى ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇش زۆرۈر. بۇ خىل مەد تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: (1) ئېغىر سۆزلۈك مەد؛ (2) يەڭگىل سۆزلۈك مەد؛ (3) ئېغىر ھەرپلىك مەد؛ (4) يەڭگىل ھەرپلىك مەد.

1. ئېغىر سۆزلۈك مەد، مەد ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپ تەشدىدلىك بولسا، بۇ خىل مەد ئېغىر سۆزلۈك مەد دېيىلىدۇ. مەسىلەن: مِنْ دَآبَّةٍ

2. يەڭگىل سۆزلۈك مەد، مەد ھەرپىدىن كېيىن تەشدىدسىز ساكىنلىق ھەرپ كەلسە، بۇ خىل مەد يەڭگىل سۆزلۈك مەدتۇر. بۇ خىل مەد «قۇرئان كەرىم»دە پەقەت ئىككى جايدا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ءَآلْئٰنَ وَقَدْ كُنْتُمْ بِهٖ تَسْتَعْجِلُوْنَ»، «ءَآلْئٰنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنْتَ مِنَ الْمُفْسِدِيْنَ»

3. ئېغىر ھەرپلىك مەد، سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ھەرپلەردىن ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن بىر ھەرپ كەلسە، ئوتتۇردىكى مەد ھەرپى بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ، ئاخىردىكىسىگە قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ خىل مەد ئېغىر ھەرپلىك مەد

دېيىلىدۇ. مەسىلەن: آلٓمّ بۇنىڭدىكى «ل» ئېغىر ھەرپلىك مەد)

4. يەڭگىل ھەرپلىك مەد، سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان يەككە ھەرپلەردىن ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن بىر ھەرپ كەلسە، ئوتتۇردىكىسى مەد ھەرپى بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ ساكىنلىق بولۇپ، ئاخىردىكىسىگە قوشۇلمىسا، بۇ خىل مەد يەڭگىل ھەرپلىك مەد دېيىلىدۇ. مەسىلەن: آلٓمٓ (بۇنىڭدىكى «م» يەڭگىل ھەرپلىك مەد)

## قۇرئان كەرىمدىكى لازىملىق مەدلەرنىڭ مىساللىرى

| اَلْعَدَدُ | اَلسُّوَرَةُ | رَقْمُ الآيَةِ | مَوَاضِعُ الْمَدِّ وَالْكَلِمَاتِ |
|---|---|---|---|
| 1 | اَلْفَاتِحَةُ | 7 | وَلاَ الضَّآلِّيْنَ |
| 2 | اَلْبَقَرَةُ | 76 | لِيُحَآجُّوْكُمْ بِهِ عِنْدَ رَبِّكُمْ |
| 3 | اَلْبَقَرَةُ | 139 | قُلْ اَتُحَآجُّوْنَنَا |
| 4 | اَلْبَقَرَةُ | 164 | وَبَثَّ فِيْهَا مِنْ كُلِّ دَآبَّةٍ |
| 5 | اَلْبَقَرَةُ | 198 | لَمِنَ الضَّآلِّيْنَ |
| 6 | اَلْبَقَرَةُ | 208 | اُدْخُلُوْا فِي السِّلْمِ كَآفَّةً |
| 7 | اَلْبَقَرَةُ | 233 | لاَ تُضَآرَّ وَالِدَةٌ |
| 8 | اَلْبَقَرَةُ | 258 | أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِيْ حَآجَّ |
| 9 | اَلْبَقَرَةُ | 282 | وَلاَ يُضَآرَّ كَاتِبٌ |
| 10 | الِ عِمْرَانَ | 20 | فَإِنْ حَآجُّوْكَ |
| 11 | الِ عِمْرَانَ | 61 | فَمَنْ حَآجَّكَ فِيْهِ |
| 12 | الِ عِمْرَانَ | 65 | لِمَ تُحَآجُّوْنَ فِيْٓ اِبْرَاهِيْمَ |
| 13 | الِ عِمْرَانَ | 66 | فَلِمَ تُحَآجُّوْنَ فِيْمَالَيْسَ لَكُمْ |
| 14 | الِ عِمْرَانَ | 73 | اَوْ يُحَآجُّوْكُمْ عِنْدَ رَبِّكُمْ |
| 15 | الِ عِمْرَانَ | 90 | وَاُولٰٓئِكَ هُمُ الضَّآلُّوْنَ |
| 16 | اَلنِّسَآءُ | 12 | غَيْرَ مُضَآرٍّ |
| 17 | اَلْمَائِدَةُ | 2 | وَلآ ءَآمِّيْنَ الْبَيْتَ الْحَرَامَ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 18 | اَلْاَنْعَامُ | 38 | وَمَا مِنْ دَآبَّةٍ فِى الْأَرْضِ |
| 19 | اَلْاَنْعَامُ | 77 | لَأَ كُونَنَّ مِنَ الْقَوْمِ الضَّآلِّيْنَ |
| 20 | اَلْاَنْعَامُ | 80 | وَحَآجَّهُ قَوْمُهُ |
| 21,22 | الانعام | 80 | اَتُحَآجُّوْنِّيْ فِى اللهِ |
| 23 | اَلْاَنْفَالُ | 13 | ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ شَآقُّوا اللهَ |
| 24 | اَلْاَنْفَالُ | 22 | اِنَّ شَرَّالدَّوَآبِّ عِنْدَ اللهِ الصُّمُّ |
| 25 | الانفال | 25 | لَاتُصِيْبَنَّ الَّذِيْنَ ظَلَمُوْامِنْكُمْ خَآصَّةً |
| 26 | الانفال | 55 | اِنَّ شَرَّ الدَّوَآبِّ عِنْدَاللهِ الَّذِيْنَ كَفَرُوْا |
| 27 | اَلتَّوْبَةُ | 19 | اَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَآجِّ |
| 28 | التوبة | 122 | وَمَاكَانَ الْمُؤْمِنُوْنَ لِيَنْفِرُوْا كَآفَّةً |
| 29 | التوبة | 36 | كَآفَّةً |
| 30 | اَلْاَنْعَامُ | 36 | كَآفَّةً |
| 31 | الانعام | 143 | قُلْ ءَآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ |
| 32 | الانعام | 144 | قُلْ ءَآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ... |
| 33 | يُوْنُسُ | 59 | قُلْ ءَآللّٰهُ أَذِنَ لَكُمْ؟ |
| 34 | يونس | 89 | وَلَاَ تَتَّبِعَآنِّ سَبِيْلَ الَّذِيْنَ |
| 35 | يونس | 107 | وَاِنْ يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَآدَّ لِفَضْلِهِ |
| 36 | هُودْ | 72 | وَمَا مِنْ دَآبَّةٍفِى الْأَرْضِ إِلَّاعَلَى اللهِ رِزْقُهَا |
| 37 | اَلْحِجْرُ | 27 | وَالْجَآنَّ خَلَقْنٰهُ مِنْ قَبْلُ مِنْ نَّارٍ |
| 38 | الحجر | 56 | قَالَ وَمَنْ يَّقْنَطُ مِنْ رَّحْمَةِ رَبِّهِ إِلَّا الضَّآلُّوْنَ |
| 39 | اَلنَّحْلُ | 27 | اَيْنَ شُرَكَآءِيَ الَّذِيْنَ كُنْتُمْ تُشَآقُّوْنَ فِيْهِمْ |
| 40 | النحل | 49 | مِنْ دَآبَّةٍ وَّالْمَلآئِكَةُ وَهُمْ لَايَسْتَكْبِرُوْنَ |
| 41 | النحل | 61 | مَا تَرَكَ عَلَيْهَا مِنْ دَآبَّةٍ |
| 42 | النحل | 71 | فَمَاالَّذِيْنَ فُضِّلُوْا بِرَآدِّيْ رِزْقِهِمْ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 43 | هُوْدُ | 56 | مَامِنْ دَآبَّةٍ اِلاَّ هُوَاٰخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا |
| 44 | اَلْحَجُّ | 18 | وَالشَّجَرُ وَالدَّوَآبُّ وَكَثِيْرٌ |
| 45 | الحج | 36 | فَاذْ كُرُوْااسْمَ اللهِ عَلَيْهَا صَوَآفَّ |
| 46 | اَلْمُؤْمِنُوْنَ | 106 | وَكُنَّا قَوْمًا ضَآلِّيْنَ |
| 47 | المؤمنون | 113 | فَسْئَلِ الْعَآدِّيْنَ |
| 48 | اَلنُّوْرُ | 41 | وَالطَّيْرُ صَآفَّات |
| 49 | اَلنَّمْلُ | 10 | فَلَمَّا رَءَاهَاتَهْتَزُّ كَأَنَّهَا جَآنٌّ |
| 50 | النمل | 59 | ءَآللهُ خَيْرٌ اَمَّايُشْرِكُوْنَ |
| 51 | النمل | 82 | وَاِذَا وَقَعَ الْقَوْلُ عَلَيْهِمْ اَخْرَجْنَا لَهُمْ دَآبَّةً |
| 52 | اَلْقَصَصُ | 7 | اِنَّا رَآدُّوْهُ اِلَيْكِ وَجَاعِلُوْهُ |
| 53 | القصص | 85 | اِنَّ الَّذِيْ فَرَضَ عَلَيْكَ الْقُرْاٰنَ لَرَآدُّكَ |
| 54 | اَلْعَنْكَبُوْتُ | 60 | وَكَاَيِّنْ مِنْ دَآبَّةٍ لاَتَحْمِلُ رِزْقَهَا |
| 55 | سَبَاُ | 28 | وَمَآاَرْسَلْنَاكَ اِلاَّ كَآفَّةً |
| 56 | فَاطِرُ | 28 | وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَآبِّ وَالْاَنْعَامِ |
| 57 | اَلصَّآفَّاتُ | 1 | وَالصَّآفَّاتِ صَفًّا |
| 58 | الصافات | 165 | وَاِنَّا لَنَحْنُ الصَّآفُّوْنَ |
| 59 | اَلزُّمَرُ | 64 | قُلْ اَفَغَيْرَاللهِ تَأْمُرُوْنِّيْٓ اَعْبُدُ |
| 60 | الزمر | 75 | وَتَرَى الْمَلآئِكَةَ حَآفِّيْنَ |
| 61 | غَافِرُ | 47 | وَاِذْ يَتَحَآجُّوْنَ فِى النَّارِ |
| 62 | اَلْجَاثِيَةُ | 4 | وَفِيْ خَلْقِكُمْ وَمَايَبُثُّ مِنْ دَآبَّةٍ |
| 63 | مُحَمَّدُ | 32 | وَشَآقُّوا الرَّسُوْلَ |
| 64 | اَلْفَتْحُ | 6 | الظَّآنِّيْنَ بِاللهِ ظَنَّ السَّوْءِ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 65 | اَلرَّحْمٰنُ | 39 | فَيَوْمَئِذٍ لَا يُسْئَلُ عَنْ ذَنْبِهٖ اِنْسٌ وَّلَا جَآنٌّ |
| 66 | اَلرَّحْمٰنُ | 56 | لَمْ يَطْمِثْهُنَّ اِنْسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَآنٌّ |
| 67 | الرحمن | 62 | مُدْهَآمَّتَانِ |
| 68 | اَلْوَاقِعَةُ | 92 | مِنَ الْمُكَذِّبِيْنَ الضَّآلِّيْنَ |
| 69 | اَلشُّعَرَاءُ | 20 | قَالَ فَعَلْتُهَآ اِذًا وَّاَنَا مِنَ الضَّآلِّيْنَ |
| 70 | اَلْمُجَادَلَةُ | 3 | مِنْ قَبْلِ اَنْ يَّتَمَآسَّا |
| 71 | المجادلة | 4 | مِنْ قَبْلِ اَنْ يَّتَمَآسَّا |
| 72 | المجادلة | 22 | يُوَآدُّوْنَ مَنْ حَآدَّ اللّٰهَ وَرَسُوْلَهٗ |
| 73 | اَلْحَشْرُ | 4 | ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ شَآقُّوا اللّٰهَ وَرَسُوْلَهٗ |
| 74 | الحشر | 4 | وَمَنْ يُّشَآقِّ اللّٰهَ |
| 75 | اَلْمُلْكُ | 19 | اَوَلَمْ يَرَوْا اِلَى الطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صٰٓفّٰتٍ |
| 76 | اَلْحَآقَّةُ | 1 | اَلْحَآقَّةُ |
| 77 | الحاقة | 2 | مَا الْحَآقَّةُ |
| 78 | الحاقة | 3 | وَمَآ اَدْرٰىكَ مَا الْحَآقَّةُ |
| 79 | اَلنَّازِعَاتُ | 34 | فَاِذَا جَآءَتِ الطَّآمَّةُ الْكُبْرٰى |
| 80 | عَبَسَ | 33 | فَاِذَا جَآءَتِ الصَّآخَّةُ |
| 81 | اَلْمُطَفِّفِيْنَ | 32 | قَالُوْٓا اِنَّ هٰٓؤُلَآءِ لَضَآلُّوْنَ |
| 82 | اَلْفَجْرُ | 18 | وَلَا تَحٰٓضُّوْنَ عَلٰى طَعَامِ الْمِسْكِيْنِ |
| 83 | اَلضُّحٰى | 7 | وَوَجَدَكَ ضَآلًّا فَهَدٰى |

## 6. سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان يەككە ھەرپلەر

قۇرئان كەرىمدە سۈرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان يەككە ھەرپ 14 بولۇپ ئۇلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1. پەقەت سوزۇلمايدىغان ھەرپ بىر بولۇپ، ئۇ «ا». ئۇ گەرچە ئۈچ ھەرپتىن (اَلِفْ دېگەندە ئوتتۇرىدىكى «ل» مەد ھەرپى ئەمەس) تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرىدا ساكىنلىق مەد ھەرپى يوق.

2. تەبىئىي مەد قاتارىدا سوزۇلىدىغىنى بەش ھەرپ بولۇپ، ئۇلار «حَيٌّ طَهُرَ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلانغان، يەنى ح) حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ ○ عٓسٓقٓ، حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ(، ي (كٓهٰيٰعٓصٓ، يٰسٓ)، ط (طٰهٰ، طٰسٓمٓ، طٰسٓ، طٰسٓمٓ)، هــ (كٓهٰيٰعٓصٓ، طٰهٰ)، ر (الٓرٰ، الٓرٰ، الٓرٰ، الٓمٓرٰ، الٓرٰ، الٓرٰ) قاتارلىقلار.

3. ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدىغىنى سەككىز ھەرپ بولۇپ، ئۇلار «كَمْ عَسَلٍ نَقَصَ» سۆزىگە يىغىنچاقلانغان، يەنى ك (كٓهٰيٰعٓصٓ)، م (الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓصٓ، الٓمٓرٰ، طٰسٓمٓ، طٰسٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ ○ عٓسٓقٓ، حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ، حٰمٓ)، ع (كٓهٰيٰعٓصٓ، حٰمٓ ○ عٓسٓقٓ)، س (طٰسٓمٓ، طٰسٓ، طٰسٓمٓ، يٰسٓ، حٰمٓ ○ عٓسٓقٓ)، ل (الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓصٓ، الٓرٰ، الٓرٰ، الٓرٰ، الٓمٓرٰ، الٓرٰ، الٓرٰ، الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ، الٓمٓ)، ن (نٓ وَالْقَلَمِ)، ق (قٓ وَالْقُرْاٰنِ)، ص (الٓمٓصٓ، كٓهٰيٰعٓصٓ، صٓ وَالْقُرْاٰنِ) قاتارلىقلار.

«سُوْرَةُ مَرْيَمَ» ۋە «سُوْرَةُ الشُّوْرَى» نىڭ بېشىدىكى «ع» نى

ئىككى خىل ئوقۇشقا بولىدۇ. بىرىنچى، تۆت ھەرىكەت مىقدارىدا ئوتتۇراھال (تەبىئىي مەد قاتارىدا) ئوقۇش. ئىككىنچى، ئالتە ھەرىكەت مىقدارىدا مەد بىلەن (سوزۇپ) ئوقۇش. ئىككىنچى خىل ھالەتتە ئوقۇش ياخشىراق.

## مەدنىڭ تۈرلىرىنى كۆرسىتىش شەجەرىسى



## ئىزاھات:

1. تەبىئىي (ئەسلى) مەد، بۇ خىل مەد پەقەت ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلۇپ تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

❶ ئالدى زەبەرلىك ئۈزى ساكىنلىق بولغان ئەلىف ھەرپى، مەسىلەن، «قَالَ»؛ ❷ ئالدى پېشلىق، ئۈزى ساكىنلىق بولغان «و» ھەرپى، مەسىلەن، «يَقُوْلُ»؛ ❸ ئالدى زىرلىق، ئۈزى ساكىنلىق بولغان «ي» ھەرپى، مەسىلەن، «قِيْلَ»

2. ياردەمچى مەدلەر.

3. سوزۇپ ئوقۇلۇشى زۆرۈر بولغان مەد.

4. لازىم مەدلەر.

5. ئېغىر سۆزلۈك مەد.

6. يەڭگىل سۆزلۈك مەد.

7. يەڭگىل ھەرپلىك مەد.

8. ئېغىر ھەرپلىك مەد (بۇ خىل مەد سۈرىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان «ك، م، ع، س، ل، ن، ق، ص» قاتارلىق ھەرپلەردە بولۇپ، بۇ ھەرپلەر ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ).

9. سوزۇشقا ياكى سوزماي ئوقۇشقا بولىدىغان (تەبىئىي مەد ھېسابىدا سوزۇش) مەدلەر.

10. ئايرىم مەد، بۇ تەبىئىي مەد قاتارىدا سوزۇلسىمۇ ياكى 4، 5، 6 ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلسىمۇ بولىدۇ.

11. ئالماشقان مەد (ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدۇ).

12. توختاش ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىنغان مەد. بۇ خىل مەد توختىغان چاغدا 2، 4، 6 ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇلىدۇ.

# 7. رۇم ۋە ئىشمام

رۇم دېگەن، يېقىندىكى كىشى ئاڭلىيالايدىغان يىراقتىكى كىشى ئاڭلىيالمايدىغان بوش ئاۋاز.

ئىشمام دېگەن، بىر ھەرپتە توختىغاندا ئىككى لەۋنى جۈپلىمەستىن قورۇش بولۇپ، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدۇ. لېكىن ئاڭلانمايدۇ (پىچ، زىرگە ئوخشاش).

توختىماقچى بولغان ھەرپ ئەسلى ھەرىكەتلىك بولغان بولسا، تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ:

1. (1) توختىماقچى بولغان ھەرپ زەبەرلىك بولسا، مەسىلەن، «رَبُّ الْعَالَمِيْنِ» (2) توختىماقچى بولغان ھەرپ يۇملاق «ة» بولسا، مەسىلەن، «مَغْفِـــرَةٌ وَّرَحْمَـــةٌ» (3) توختىماقچى بولغان ھەرپ كۆپلۈكنىڭ «م» ھەرپى بولسا، مەسىلەن، «اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ»

يۇقىرىقى ھالەتلەردە پەقەت ساكىن ئوقۇپلا توختاش كېرەك.

2. توختىماقچى بولغان ھەرپ زىرلىك بولسا، مەسىلەن: «اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ»، «هٰـــؤُلَآءِ». يۇقىرىقى ھالەتلەردە توختىغان جاغدا تەرتىل (تولۇق سوزۇش) بىلەن ئوقۇسىمۇ، تەدۋىر (ئوتتۇرىھال ئوقۇش) بىلەن ئوقۇسىمۇ ياكى تېز ئوقۇسىمۇ، پەقەت ساكىن بىلەن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ياكى تېز ئوقۇپ توختىغاندا رۇمنى چىقىرىپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

3. توختىماقچى بولغان ھەرپ پىچلىق بولسا، مەسىلەن، «نَسْتَعِيْنُ»، «مِنْ حَيْثُ». بۇ خىل ئەھۋالدا ساكىن بىلەن ئوقۇسىمۇ ياكى رۇم ۋە ئىشمام بىلەن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

4. مۇزەككەر بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان «ه»نىڭ ئالدىدا رەبەرلىك ھەرپ بولسا، مەسىلەن، «**وَاَنَّهُ**». «ه»نىڭ ئالدىدا ئەلىف بولسا، مەسىلەن، «**اجْتَبَاهُ وَهَدَاهُ**».

«ه» ئالدى ساكىنلىق بولسا، مەسىلەن: «**فَلْيَصُمْهُ**».

يۇقىرىقى ھالەتلەردە رەۋم، ئىشمام قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

مەزكۇر 7 ـ بۆلەكنى ئىمكان قەدەر ئوقۇتقۇچىدىن بىۋاسىتە تەلىم ئېلىش كېرەك.

قوشۇمچە:

ئىسىم، پېئىل، ھەرپلەرگە قوشۇلۇپ كەلگەندە «ـه» ھەرپى تۆۋەندىكىچە تۆت خىل ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

1. بۇ ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك، ئارقىسىدىكى ساكىنلىق كەلسە، مەسىلەن، «**لَهُ الْمُلْكُ**».

2. ئۇ ھەرپ ئىككى ساكىنلىق ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلسە، مەسىلەن، «**اِلَيْهِ الْمَصِيرُ**».

3. ئۇ ھەرپنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق، ئالدىدىكى ھەرپ ھەرىكەتلىك كەلسە، مەسىلەن، «**فِيْهِ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ**».

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ھالەتتە مەزكۇر «ـه» ھەرپى سوزۇلماي تېز ئوقۇلىدۇ.

4. مەزكۇر ھەرپ ئىككى دانە ھەرىكەتلىك ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلسە، ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، «**لَهُ مَافِي السَّمَاوَاتِ**»

# 8. قَلْقَلَةُ (قايتۇرما قىلىش)

ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋازنىڭ قايتۇرما بولۇپ چىقىشى قايتۇرما (قَلْقَلَةُ) دېيىلىدۇ.

قَلْقَلَةُ ئىككى خىل بولىدۇ: (1) كىچىك قَلْقَلَةُ. (2) چوڭ قَلْقَلَةُ.

قَلْقَلَةُ ھەرپلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار «**قطبجد**» سۆزىگە يىغىنچاقلانغان، يەنى «**ق، ط، ب، ج، د**».

1. كىچىك قَلْقَلَةُ

بۇ دېگىنىمىز، قَلْقَلَةُ ھەرپلىرى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساكىنلىق كەلسە، بۇ كىچىك قَلْقَلَةُ بولىدۇ. مەسىلەن:

**اقْرَأْ، وَاجْعَلْ.**

2. چوڭ قَلْقَلَةُ

بۇ دېگىنىمىز، قَلْقَلَةُ ھەرپلىرى سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، بۇ چوڭ قَلْقَلَةُ بولىدۇ. مەسىلەن، **أَحَدٌ، وَتَبَّ، حَسَدَ.**

ئەگەر بىز توختىغان قَلْقَلَةُ ھەرپى تەشدىدلىك بولسا، قَلْقَلَةُ نىڭ قىلىنىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ. يەنى ئۇچۇقراق بولىدۇ. مەسىلەن: **وَتَبَّ، الْحَجُّ، الْحَقُّ.**

قَلْقَلَةُ ھەرپى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى نېمە بولسا، شۇنىڭ ھەرىكىتىگە مايىل قىلىنىدۇ. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، زەبەرگىلا مايىل بولىدۇ. دېگۈچىلەرمۇ بار.

اَللِّيْـــنُ (ھەرپنى سىلىق تەلەپپۇز قىلىش)

ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلغا ئېغىرلىق چۈشمەي، ئاسانلىق بىلەن چىقىشى اَللِّيْـــنُ دېيىلىدۇ. بۇ خىل مەد ئالدى زەبەرلىك بولغان ساكىنلىق «و، ي» ھەرپلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، وَالصَّيْفُ، مِنْ خَوْفٍ.

# 9. جاراڭلىق هەرپلەرنى قاتتىق ئوقۇش دەرىجىسى

«خ، ص، ط، ض، غ، ق، ظ »قاتارلىق هەرپلەر جاراڭلىق هەرپلەر دېيىلىدۇ. بۇ جاراڭلىق يەتتە هەرپ «خُصَّ ضَغْطٍ قِظْ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلانغان.

يۇقىرىقى جاراڭلىق هەرپلەرنى قېلىن ئوقۇشتا (جاراڭلىق ئوقۇشتا ) بەش خىل دەرىجە بار.

1. ئاخىرىدا سوزۇلىدىغان ئەلىق بار جاراڭلىق هەرپ زەبەرلىك بولسا، مەسىلەن، طَائِعِيْنَ.

2. ئۆزى زەبەرلىك كېلىپ ئاخىرىدا ئەلىق بولمىسا، مەسىلەن، صَبَرَ، خَلَقَ.

3. جاراڭلىق هەرپ پېشلىق بولسا، مەسىلەن، خُلِقَتْ.

4. جاراڭلىق هەرپ ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدىكى هەرپ زەبەرلىك بولسا، بۇنىڭ دەرىجىسى ئىككىنچى دەرىجە بىلەن تەڭ. مەسىلەن، يَضْرِبُ.

ئەگەر جاراڭلىق هەرپ ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدىكى هەرپ پېشلىق بولسا، ئۈچىنچى دەرىجە بىلەن تەڭ. مەسىلەن، يُطْعِمُوْنَ.

جاراڭلىق هەرپ ساكىنلىق كېلىپ، ئالدىدىكى هەرپ زىرلىق بولسا، جاراڭلىق هەرپ تۆۋەنرەك چىقىدۇ. مەسىلەن، اِطْعَامٌ.

5. جاراڭلىق هەرپ زىرلىق بولسا، مەسىلەن، ظِلاٌ دەك ئوقۇلىدۇ.

بۇ قېلىن ئوقۇلۇشىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى.

ئەسكەرتىش:

1. جاراڭلىق يەتتە ھەرىپنىڭ ئىچىدىكى تۆت ھەرپ (ص،ض،ط،ظ) ئەڭ كۈچلۈك جاراڭلىقتۇر. بولۇپمۇ «ط» بەكلا جاراڭلىق.

2. يۇقىرىقى بەش خىل دەرىجىنى ئوقۇتقۇچىدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 10. ئوخشىشىش، يېقىنلىشىش، ياندىشىش، يىراقلىشىشلارنىڭ ھۆكۈمى

1. ئوخشىشىش ھۆكۈمى (ماسلىشىش)

ئوخشىشىش ئىككى ھەرىپنىڭ مەخرەج ۋە سۈپەت جەھەتتە ئوخشىشى، ئىككى «ب» ھەرىپنىڭ، ئىككى «م» ھەرىپنىڭ ئىككى «ح» ھەرىپنىڭ بىر جايدا كەلگىنىدەك.

ئوخشىشىش ئۈچ خىل بولىدۇ.

1) كىچىك ئوخشىشىش

بىرىنچى ھەرپ ساكىنلىق كېلىپ، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك كەلسە، بۇ كىچىك ئوخشىشىش بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆكۈمى **ادْغَامْ** قىلىش، مەسىلەن، **اضْرِبْ بِعَصَاكَ**.

2) چوڭ ئوخشىشىش

ئىككى ھەرپ ھەرىكەتلىك كەلسە، بۇ چاغدا چوڭ ئوخشىشىش بولىدۇ. مەسىلەن، **فِيهِ هُدًى**.

3) مۇتلەق ئوخشىشىش

بىرىنچى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئىككىنچى ھەرپ ساكىنلىق بولسا، بۇ مۇتلەق ئوخشىشىشتۇر. ھۆكۈمى اظْهَارْ ئوقۇش مەسىلەن: مانْسَخْ، مَجْنُوْنٌ.

2. يېقىنلىشىشنىڭ ھۆكۈمى

يېقىنلىشىش دېگەن ئىككى ھەرپنىڭ مەخرەج ۋە سۈپەت جەھەتتە يېقىنلاشقانلىقىدۇر. «ذ، ز» گە ئوخشاش. مەسىلەن، وَاذْزُيِّنَ

ياكى «د،س» گە ئوخشاش، مەخرىجىدىلا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، قَدْسَمِعَ اللّٰهُ.

ياكى «ذ،ج» دەك سۈپەتتىلا يېقىنلاشقانلىقتۇر. مەسىلەن: اذْجَآءَكُمْ.

يېقىنلىشىش ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1) كىچىك يېقىنلىشىش يەنى «د» بىلەن «س» نى ئالىم ھەفس نىڭ رىۋايىتىدە اظْهَارْ قىلىش زۆرۈر دېيىلگەن. مەسىلەن: قَدْسَمِعَ اللّٰهُ. لېكىن «ل» بىلەن «ر» دە اِدْغَامْ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قُلْ رَّبِّ.

2) چوڭ يېقىنلىشىش

ھەر ئىككىسى ھەرىكەتلىك بولغان «د، س» مەسىلەن. عَدَدَ سِنِيْنَ.

بۇنىڭدا اظْهَارْ قىلىش ۋاجىپ.

3) مۇتلەق يېقىنلىشىش

يەنى «م» بىلەن «ي». بۇنىڭدا اظهـار قىلىش ۋاجىپ، مەسىلەن، عَلَيْكُمْ اَنْفُسَكُمْ.

3. يىراقلىشىشنىڭ ھۆكۈمى

بۇ دېگىنىمىز سۈپىتى ئايرىم، مەخرىجى بىر كەلگەن ھەرپلەردۇر. بۇ ئۈچ

خىل بولىدۇ.

1) كىچىك ياندىشىش ھۆكۈمى: اَلْاِدْغَامُ قىلىش مەسىلەن:

(1) «د» نىڭ «ت» گە اِدْغَامْ بولۇشى. مەسىلەن، وَقَدْتَّبَيَّنَ.

(2) «ت»نىڭ «د»گە. مەسىلەن، اَثْقَلَتْ دَّعَوَاللّٰهَ.

(3) «ت» نىڭ «ط»گە. مەسىلەن، اِذْهَمَّتْ طَّائِفَتَانِ.

(4) «ط» نىڭ «ت»گە. مەسىلەن، اَحَطْتُّ.

(5) «ذ» نىڭ «ظ» گە. مەسىلەن، اِذْظَّلَمْتُمْ.

(6) «ث» نىڭ «ذ»غا. مەسىلەن، يَلْهَثْ ذَّلِكَ.

(7) «ب» نىڭ «م»غا مەسىلەن، اِرْكَبْ مَّعَنَا.

يۇقىرىدىكى يەتتە ئورۇندا اِدْغَامْ قىلىش ۋاجىپ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى باشقا جايلاردا كەلگەن مۇشۇ خىل قائىدىگە چۈشىدىغان يەرلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

2) چوڭ ياندىشىشنىڭ ھۆكۈمى «ت، ط» لارنى اِظْهَارْ قىلىش، مەسىلەن، اَلصّٰلِحَاتُ، طُوْبٰى.

3) مۇتلەق ياندىشىشنىڭ ھۆكۈمى اِظْهَارْ قىلىش:

(1) «م» بىلەن «ب». بىرىنچىسى ھەرىكەتلىك، ئىككىنچىسى ساكىنلىق بولسا، مەسىلەن، مَبْعُوْثُوْنَ.

(2) «ت» بىلەن «ط». بىرىنچىسى ھەرىكەتلىك، ئىككىنچىسى ساكىنلىق كەلسە، مەسىلەن، اَفَتَطْمَعُوْنَ.

4. يىراقلىشىشنىڭ ھۆكۈمى

بۇ دېگىنىمىز، ئىككى ھەرپنىڭ مەخرەج ۋە سۈپەت جەھەتلەردە يىراقلىشىدۇر. بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ.

1) «ت» بىلەن «ع». ھۆكۈمى: اِظْهَارْ مەسىلەن، تُلِيَتْ.

2) «ك» بىلەن «ھ». مەسىلەن، فَكِهُوْنَ

3) «ح» بىلەن «ق» مەسىلەن، هُوَالْحَقُّ

بۇ تۆتىنچى قائىدە پەقەت قاتاردا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىندى. چۈنكى، بۇنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ خىل قائىدىگە ئوخشاش دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىنچىكە جايلىرى يوق.

ئەسكەرتىش:

يېقىنلىشىش بىلەن يىراقلىشىشنى ئايرىيدىغان تۆۋەندىكى قائىدە بار: ھەرقانداق ئىككى ھەرپ بىر يەردە كەلسە ئۇ ئىككى ھەرپ بىر مەخرەجداش بولىدۇ ياكى ئايرىم — ئايرىم مەخرەجدىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى ھەرپ بىر مەخرەجدىن بولۇپ، ئوتتۇرىدا توساق بولمىسا، بۇ يېقىنلىشىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى ھەرپ ئايرىم — ئايرىم مەخرەجدىن بولسا (كاناي ھەرپلىرى بىلەن تىل تاۋۇشلىرى ياكى لەۋ تاۋۇشلىرىدەك). ئۇ يىراقلىشىش دېيىلىدۇ.

بەزى ھەرپلەرنىڭ ھۆكۈمى

جاراڭلىق تاۋۇشلار «خَصٌّ ضَغَطٍ قَظٌّ» دۇر.

يۇقىرىقى ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى قېلىن ئوقۇلىدۇ. بولۇپمۇ «ص، ض، ط، ظ» لەر تېخىمۇ قېلىن ئوقۇلىدۇ. يۇقىرىقى ھەرپلەردىن باشقا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 21 ھەرپنىڭ ھەممىسى يەڭگىل ئوقۇلىدۇ. لېكىن «ل» بىلەن «ر» نىڭ قېلىن ئوقۇلىدىغان ئايرىم جايلىرى بار.

«اَللّٰهُ» سۆزىدىكى «ل» زەبەر ياكى پېشتىن كېيىن كەلسە، قېلىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، تَاللّٰهِ، يَعْلَمُ اللّٰهُ. لېكىن زېر دىن كېيىن كەلگەندە، يەڭگىل ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: بِسْمِ اللّٰهِ، بِاللّٰهِ، لِلّٰهِ.

«ر» ھەرپى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا قېلىن ئوقۇلىدۇ.

(1) «ر» ھەرپى زەبەرلىك پېشلىق بولسا، مەسىلەن: رَحِيْمٌ، رُزِقُوْا، يَتَذَكَّرُ.

(2) «ر» ئەسلىدىنلا ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى زەبەرلىك كەلسە

ياكى ئەسلىدىنلا ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى پىچلىق كەلسە، مەسىلەن، **مَرْيَمُ، اَلْقُرْاٰنُ** ئوقۇلىدۇ.

(3) «ر» ساكىنلىق بولۇپ، ئەسلىدىنلا بولمىغان لېكىن قەرز ئېلىنغان زىردىن كېيىن كەلسە، مەسىلەن، **انِ ارْتَبْتُمْ**. توختاش ئۈچۈن قەرز ئېلىنغان ساكىن شۇ «ر» دە بولسا، مەسىلەن، **انَّ الْاَبْرَارَ**.

(4) «ر»نىڭ ئالدى زىرلىق بولۇپ، ئارقىسى زىرلىق بولمىغان جاراڭلىق تاۋۇشلۇق ھەرپ بولسا، مەسىلەن: **لَبِلْمِرْصَادِ، قِرْطَاسٍ**.

ئەمما «ر»نىڭ كەينىدىكى جاراڭلىق تاۋۇش زىرلىق بولسا ئۇ ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ. يەنى يەڭگىل ۋە قېلىن مەسىلەن، **كُلُّ فِرْقٍ**.

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى ھالەتلەردە «ر» يەڭگىل ئوقۇلىدۇ.

1) «ر» زىرلىق بولسا، مەسىلەن، **قَرِيًّا** (لېكىن **مَجْرِيهَا** دىكەندىكى «ر» زىرلىق بولسىمۇ، ئەلىفقا مايىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن قېلىن ئوقۇلىدۇ).

2) ئۆتنە ئېلىنغان زىر «ر» ھەرپىدىن بولسا، مەسىلەن: **وَبَشِّرِ الَّذِيْنَ**.

3) «ر»نىڭ ئالدى زىرلىق بولۇپ، كەينىدىن جاراڭسىز تاۋۇشلار كەلسە، مەسىلەن، **فِرْعَوْنُ، مِرْيَةٌ**.

4) «ر»دە توختاش ئۈچۈن ئۆتنە ئېلىنغان ساكىن بولۇپ، ئالدى زىرلىق بولسا، مەسىلەن، **يَقْدِرُ، فِيْهَاصِرٌ**.

5) «ر» نىڭ ئالدى جاراڭسىز ساكىنلىق تاۋۇش، ئۇنىڭ ئالدى زىرلىق بولسا، مەسىلەن، **اَلسِّحْرُ، اَلذِّكْرُ**.

6) ئوتتۇرىدا ساكىنلىق «ي» بولسا، مەسىلەن، **قَدِيْرٌ، بَشِيْرٌ**.

7) «ر» نىڭ ئالدى «اللـــين» ھەرپى بولغان «ي» كەلسە، مەسىلەن، **اَلسَّيْرُ، خَيْرٌ**.

8) «ر» نىڭ ئالدى زىرلىق بولۇپ، ئۆزى ساكىنلىق بولۇپ كەينىدىكى 2 - سۆزنىڭ بېشى جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا، مەسىلەن، **فَاصْبِرْ صَبْرًا جَمِيْلاً**.

ئەمما، تۆۋەندىكى سۆزلەردە توختىغاندا ھەم يەڭگىل، ھەم قېلىن ئوقۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، **مِصْرٌ، اَلْقِطْرُ، يُسْرٌ، اُسْرٌ، وَنُذُرٌ** دېگەن سۆزلەردە ئۇلاپ ئوقۇغان چاغدىكى قائىدىنى ئاساس قىلىپ توختىغاندىمۇ يەڭگىل ئوقۇش كېرەك.

# 11. ئۇلانما ھەمزە

ئۇلانما ھەمزە ساكىنلىق ھەرپنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ ياكى زەبەر ياكى زىر، ياكى پېش بىلەن ئوقۇلىدىغان ھەمزە بولۇپ ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ئوقۇلمايدۇ. بۇنىڭ ئىككى خىل ھۆكۈمى بار: (1) ئوقۇلىدىغان ھەمزە. (2) ئوقۇلمايدىغان ھەمزە.

ئۇلانما ھەمزە پېئىللاردا، ئىسىملاردا ۋە **مَعْرِفَة** (تونۇش ئىسىم)نىڭ «اَلْ»دە بولىدۇ.

1. ئۈچ ھەرپلىك پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى پېشلىق كەلسە، ئۇلانما ھەمزىمۇ پېش بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، **اُقْتُلْ، اُشْكُرْ**.

2. ئۈچ ھەرپلىك پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى زەبەرلىك ياكى زىرلىق كەلسە، زىر بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن، **اِضْرِبْ**.

زىر ئوقۇلىدىغان ھەمزە تۆۋەندىكى يەتتە خىل **نَكِرَة** (ناتونۇش ئىسىم)دا كېلىدۇ. مەسىلەن، **اِثْنَانِ، اِثْنَتَانِ، اِبْنٌ، اِبْنَةٌ، اِمْرُءٌ، اِمْرَأَةٌ، اِسْمٌ**.

بەش ھەرپلىك ۋە ئالتە ھەرپلىك پېئىللارمۇ زىرلىق ئۇلانما ھەمزە بىلەن باشلىنىدۇ.

3. ناتونۇش ئىسىملارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى تونۇش ئىسىمغا

ئۆزگەرتكەن «اَلْـ»دىكى ھەمزە زەبەر بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن، اَلْاَوَّلُ.

ئەسكەرتىش:

ئەسلىدە ئۈچ ھەرپلىك پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى پىچلىق بولسا، ئۇلارنىڭ ھەمزىسى پىچ ئوقۇلاتتى. لېكىن تۆۋەندىكى تۆت خىل پېئىلدا بۇ خىل قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەمزە زىر بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ تۆت خىل پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپ زىر بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ثُمَّ ائْتُوْا نىڭ ئەسلىسى اءْتِيُوْا.

اَنِ امْشُوْا نىڭ ئەسلى امْشِيُوْا فَقَالُوْا ابْنُوْا نىڭ ئەسلى ابْنِيُوْا.

ثُمَّ اقْضُوْا نىڭ ئەسلى اقْضِيُوْا دۇر.

ئەسكەرتىش:

ئىمام ھەفس نىڭ ئىمام ئاسىم دىن رىۋايەت قىلىشىچە، قىرائەتنى ئۆگەنگەن چاغدا دىققەت قىلىدىغان ئون خىل مەسىلە بار.

1) «اَنَا» سۆزىنى مەيلى ئۇلاپ ئوقۇغاندا ياكى توختىغاندا ئەلىفنى ئېلىۋېتىپ زەبەر بىلەن ئوقۇش.

2) «لٰكِنَّا» سۆزىدىكى ئەلىفنىمۇ ئوقۇماسلىق. اَلظُّنُوْنَا، وَاَطَعْنَا، اَلسَّبِيْلاَ قاتارلىق ئۈچ سۆزدىكى ئەلىق توختىغاندا ئوقۇلىدۇ. ئۇلاپ ئوقۇغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. سَلٰسِلاَ سۆزىدىكى ئەلىق ئىمام ھەفس نىڭ رىۋايىتىدە توختىغاندا ئوقۇلمىسىمۇ ياكى ئوقۇلىسىمۇ بولىدۇ. دېيىلگەن.

سۈرە ئىنساننىڭ 15 ـ ئايىتىدىكى «كَانَتْ قَوَارِيْرَا قَوَارِيْرَا مِنْ فِضَّةٍ» دىكى ئاۋۋالقى «قَوَارِيْرَا» نىڭ ئەلىفى توختىغاندا ئوقۇلىدۇ. ئۇلىنىپ ئوقۇلغاندا يەڭگىل ئوقۇلىدۇ. ئەمما، كېيىنكى «قَوَارِيْرَا»دىكى ئەلىق مەيلى ئۇلاپ ئوقۇشتا بولسۇن مەيلى توختاشتا بولسۇن ئوقۇلمايدۇ.

3) «ءَاَعْجَمِيٌّ»دىكى ئىككىنچى ھەمزىنى يەڭگىل يوق قىلىۋېتىش.

4) «مَجْرِيهَا» سۆزىدىكى «ر»نى ئەلىفقا مايىل قىلىش.

5) «تَأْمَنَّا» سۆزىدىكى «ن» ھەرپىدە رەۋم ۋە ئىشمام بىلەن ئوقۇشقا بولىدۇ.

6) سۈرە رۇمنىڭ 54 ـ ئايىتىدە كېلىدىغان «ضَعْف ۋە ضَعْفًا» سۆزلىرىدىكى «ض»نى زەبەر ياكى پېش بىلەن ئوقۇشقا بولىدۇ.

7) يٰسٓ وَالْقُرْاٰنِ الْحَكِيْمِ، نٓ وَالْقَلَمِ لەردىكى «ن» ھەرپىنى اظْهَارُ ئوقۇش.

8) وَ يَخْلُدْ فِيْهِ مُهَانًا دېگەن جۈملىنىڭ «فِيْهِ» دىكى «ه» ھەرپىنى ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇش.

9) وَاللهُ يَقْبِضُ وَيَبْصُطُ سۆزىدىكى «ص»نى ۋە بَصْطَةً سۆزىدىكى «ص»نى «س» بىلەن ئوقۇش.

اَلْمُصَيْطِرُوْنَ دىكى «ص»نى «س» ياكى «ص» بىلەن ئوقۇش. ئەمما، بِمُصَيْطِرٍ دىكى «ص»نى ئۆز پېتى ئوقۇش.

10) عِوَجًا سۆزىدە (سۈرە الكَهْفِ)، مَرْقَدِنَا سۆزىدە. (سۈرە يٰسٓ)، (مَنْ رَاقٍ) سۆزىدە، (سۈرە الْقِيَامَةَ)، بَلْ رَانَ سۆزىدە (سۈرە الْمُطَفِّفِيْنَ) يېنىك سەكتە قىلىش كېرەك. تىنىقنى ئۈزمەستىن توختاشنى سەكتە. دېيىلىدۇ. سەكتە قۇرئاندا يۇقىرىقى تۆت يەردىلا بار.

ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپىنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەم دېگەندە بەش خىل سۈپىتى، كۆپ دېگەندە يەتتە خىل سۈپىتى بولىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر جەمئىي 17 بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1. زىدلىق سۈپەتلەر، بۇلار ئون سۈپەتتىن تەركىب تاپقان.

2. زىدسىز سۈپەتلەر. بۇلار 7 سۈپەتتىن تەركىب تاپقان.

1) زىدلىق سۈپەتلەر: (1) ئاشكارا؛ (2) مەخپىي: (3) قاتتىق: (4) يۇمشاق (اللين)؛ (5) جاراڭلىق: (6) جاراڭسىز؛ (7) يېپىق: (8)

ئۇچۇق؛ (9) سىلىق؛ (10) قاتمال.

2) زىددىسىز سۈپەتلەر: (1) ئىسقىرتىش؛ (2)قايتۇرما (قَلْقَلَةُ) قىلىش؛ (3) يۇمشاق؛ (4)تەكرارلاش: (5) چەتنەش؛ (6) ئۇزارتىش (ئۇزۇن)؛ (7) كەڭرىتىش.

# 12. ئەرەب تىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى

| ھەرپى | كۈچلۈك سۈپەت | ئاجىز سۈپەت | ئوتتۇراھال | سانى |
|---|---|---|---|---|
| ا | ئاشكارا، قاتتىق | تۆۋەن، ئوچۇق | قاتمال | 5 |
| ب | ئاشكارا، قاتتىق، تىترەش | " " | سىلىق | 6 |
| ت | قاتتىق | تۆۋەن، ئوچۇق، مەخپىي | قاتمال | 5 |
| ث | | مەخپىي، يۇمشاق، تۆۋەن ئوچۇق | " | 5 |
| ج | ئاشكارا، قاتتىق، تىترەش | تۆۋەن، ئوچۇق | " | 6 |
| ح | — | مەخپىي، يۇمشاق، تۆۋەن، ئوچۇق | " | 5 |
| خ | جاراڭلىق | " " " | " | 5 |
| د | ئاشكارا، قاتتىق، تىترەش | " " | " | 6 |
| ذ | " | " " " | " | 5 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ر | ئاشكارا، چەتنەش، تەكرار | ئوتتۇراھال، تۆۋەن، ئوچۇق | سلىق | 7 |
| ز | " " ئىسقىرتىش | يۇمشاق، " " | قاتمال | 6 |
| س | ئىسقىرتىش | مەخپىي، " " " " | " | " |
| ش | كەڭرىتىش | " " " " " " " " | " | " |
| ص | جاراڭلىق، سلىق، ئىسقىرتىش | " " | " | " |
| ض | " "ئاشكارا، يېپىق، ئۇزۇن | يۇمشاق | " | " |
| ط | " " " " قاتتىق، يېپىق، تىترەش | — | " | " |
| ظ | " " " " يېپىق | يۇمشاق | " | " |
| ع | ئاشكارا | ئوچۇق، جاراڭسىز، ئوتتۇرھال | " | " |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| غ | " جاراڭلىق | يۇمشاق، ئوچۇق | قاتمال | 5 |
| ف | — | | سىلىق | 5 |
| ق | ئاشكارا، قاتتىق، جاراڭلىق، تىترەش | ئوچۇق | قاتمال | 6 |
| ك | قاتتىق | مەخپىي، جاراڭسىز، ئوچۇق | " | 5 |
| ل | ئاشكارا، چەتنەش | جاراڭسىز، ئوچۇق ئوتتۇراھال | سىلىق | 6 |
| م | ئاشكارا | " "غۇننە" | " | 6 |
| ن | " | " " " " | " | 6 |
| ھ | — | " " مەخپىي، يۇمشاق | قاتمال | 5 |
| و | ئاشكارا | " " يەڭگىل " | " | 6 |
| ي | ئاشكارا | " " " " | " | 6 |

# 13. باشلاش ۋە توختاش توغرىسىدا

باشلاش ئىككى خىل بولىدۇ:

(1) يوللۇق باشلاش

(2) يولسىز باشلاش

مۇستەقىل بىر جۈملىنى باشلاپ مەنانى تولۇق ئادا قىلىپ ئوقۇش يوللۇق باشلاش دەپ ئاتىلىدۇ. مەناسى ئۆزگەرسە ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن ئاساستا باشلاش يولسىز باشلاش دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنى **أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ** بىلەن باشلاش پەرز.

ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى بولىدۇ. ھەر قانداق ئىشنى **بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ** بىلەن باشلاش زۆرۈر. ئۇ دېيىلمىگەن ئىش كەمتۈك ئىشتۇر. سەلەفىيلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك، ھەر بىر ئايەت تامام بولغاندا، بىر ئاز تۇرۇپ ئاندىن باشلاش زۆرۈر.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ ئۈچ خىل تەرتىپى بار. بىرىنچى، **تَرْتِيْلٌ**. يەنى ھەرپلەرنى دانە ــ دانە، مەدلەرنى ياخشى چىقىرىپ، **اِخْفَاءُ، اِدْغَامُ، غُنَّة** لەرنى تولۇق چىقىرىپ، مەنالىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇشتۇر. بۇ ــ قىرائەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى. ئىككىنچى، **تَدْوِيْرُ**. يەنى ئوتتۇراھال قىرائەت قىلىش. شەرتى: تەجۋىدكە تولۇق رىئايە قىلىش. ئۈچىنچى، **حَدَرْ**. يەنى تېزراق ئوقۇش، شەرتى يەنىلا تەجۋىدكە تولۇق رىئايە قىلىش. تەجۋىدكە رىئايە قىلىنمىسا قىرائەت ھېسابلانمايدۇ.

توختاشنى بىلىش ھەر قانداق قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى. چۈنكى توغرا توختاش، تىلاۋەتنىڭ بېزىكى، قىرائەتنىڭ زىننىتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «**وَرَتِّلِ الْقُرْاٰنَ تَرْتِيْلاً**» ــ قۇرئاننى تەرتىپ بىلەن (دانە ــ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن ــ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى سورالغان چاغدا: ــ ئۇنىڭ مەنىسى ھەرپلەرنى ئۆلچەملىك ياخشى تەلەپپۇز قىلىش ۋە توختاشنى بىلىش دەپ جاۋاب بەرگەن.

توختاش دېگەن: ــ تىنىش ئۈچۈن سۆزنىڭ ئاخىرىدا ئاۋازنى ئۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

توختاش تۆت خىل بولىدۇ:

1. كۆتۈش ئۈچۈن توختاش. بىر كىشى يەتتە خىل قىرائەتنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، ھەر بىر خىل قىرائەتنى باشلىسا، بۇ كۆتۈش ئۈچۈن توختاش دېيىلىدۇ.

2. سىناق توختاش. ئۇستازىدىن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن توختىشى ياكى سىناق ئۈچۈن سورالغان ئايەتنى ئوقۇپ بېرىپ توختىشى سىناق توختاش دېيىلىدۇ.

3. مەجبۇرىي توختاش. قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ دېمى سىقىلسا، ئاۋازى يەتمىسە ياكى يۆتەل، چۈشكۈرۈك كېلىپ مەجبۇرىي توختاپ قالسا، بۇنى مەجبۇرىي توختاش دەيمىز، بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى توختاپ قالغان يەرنىڭ ئالدىدىكى بىر ياكى ئىككى سۆزنى قايتىدىن ئۇلاپ ئوقۇيدۇ.

4. ئىختىيارىي توختاش. بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسىي قائىدە مۇشۇ بۆلەكتە. قۇرئان ئوقۇغان كىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئەركىن توختىشى ئىختىيارىي توختاش دېيىلىدۇ.

بۇ بۆلەك ھەنەفىيلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) لازىم توختاش. بىر جۈملىنىڭ تاۋۇش ياكى مەنا جەھەتتە ئاخىرىدىكى جۈملىگە ئالاقىسى يوق بولسا، بۇ يەردە توختاش لازىم دېيىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق جايدا توختىماي ئۇلاپ ئوقۇپ كېتىلسە، كۆزلەنگەن مەنا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا لازىم دېيىلگەن بۇ خىل توختاشقا قۇرئان كەرىمدە «○» بەلگىسى ئۈستىگە«م» بەلگىسى قويۇلغان.

2) تولۇق توختاش. بىر جۈملىنىڭ تاۋۇش ياكى مەنا جەھەتتىن ئاخىرىدىكى جۈملە بىلەن ئالاقىسى بولمىسا، لېكىن ئۇلاپ ئوقۇلسا، مەنا ئۆزگەرمىسە، بۇ خىل توختاش تولۇق توختاش دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدە «○» بەلگىسى ئۈستىگە «قلى» ياكى «ط» بەلگىسى

قويۇلغان.

3) يېتەرلىك توختاش. بۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى جۈملىگە پەقەت مەنا جەھەتتىنلا ئالاقىدار بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

4) ياخشى توختاش. ئۆزىنىڭ مەنىسى تۈگىگەن، لېكىن كەينىدىكى جۈملىگە تاۋۇش ۋە مەنا جەھەتتىن ئالاقىدار بولغان توختاش. قۇرئان كەرىمدە بۇنداق جايلاردا «○» بەلگىسى ئۈستىگە «صلة»، «ص» بەلگىسى قويۇلغان.

5) چەكلەنگەن توختاش. ئۆزىنىڭ مەنىسى تۈگىمىگەن، كېيىنكى جۈملىگە مەنا ۋە تاۋۇش جەھەتتە ئالاقىدار بولغان يەردە توختاش چەكلەنگەن توختاش دېيىلىدۇ. بۇنداق يەرلەرگە قۇرئان كەرىمدە «○» بەلگىسى ئۈستىگە «لا» بەلگىسى قويۇلغان

ئەسكەرتىش:

قۇرئاندا بەزى يەردە بىر سۆزنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا ∴ بەلگىسى قويۇلىدۇ. بۇ شۇ سۆزدە ياكى شۇ سۆزنىڭ كەينىدىكى سۆزدە توختاش كېرەكلىكىنى، ئىككىسىنىڭ بىرىدە توختىمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بەلگە قۇرئان كەرىمدە 35 جايدا بار.

## 14. ئايەتلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى

قۇرئان كەرىم 30 جُزْء (بىر جُزْء 20 بەت)، 60 حِزْب (بىر حِزْب ئون بەت)، 120 رُبْع (بىر رُبْع بەش بەت)، 114 سۈرە، 6236 ئايەت، 77437 سۆز، 323671 ھەرپ، 150681 چېكىتلەرگە بۆلۈنگەن.

## قۇرئان كەرىمدىكى ھەرپلەرنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھەرپ نامى | ا | ء | ب | ت | ث | ج |
| ھەرپ سانى | 48800 | 28718 | 11202 | 10199 | 1276 | 3273 |
| ھەرپ نامى | ح | خ | د | ذ | ر | ز |
| ھەرپ سانى | 3990 | 2416 | 5442 | 4699 | 11793 | 1570 |
| ھەرپ نامى | س | ش | ص | ض | ط | ظ |
| ھەرپ سانى | 5890 | 2253 | 1180 | 2293 | 3174 | 842 |
| ھەرپ نامى | ع | غ | ف | ق | ك | ل |
| ھەرپ سانى | 920 | 2208 | 8499 | 6813 | 10354 | 33522 |
| ھەرپ نامى | م | ن | ه | و | لا | ي |
| ھەرپ سانى | 26565 | 26354 | 19070 | 26565 | 4099 | 25909 |

| | |
|---|---|
| سۈننەتى | اَلْحَدِيْثُ: «اِنَّ هٰذَا الْقُرانَ مَاْدُبَةُ الله فَاقْبَلُوْا مَاْدُبَتَهُ مَااسْتَطَعْتُمْ؛ اِنَّ هٰذَا الْقُرانَ حَبْلُ الله وَالنُّورُالْمُبِيْنُ وَالشِّفَاءُالنَّافِعُ، عِصْمَةٌلِمَنْ تَمَسَّكَ بِه، وَنَجَاةٌ لِمَنْ اتَّبَعَهُ، لاَيَزِيْغُ فَيَسْتَعْتِبُ، وَلاَيَعْوَجُ فَيُقَوَّمُ، وَلاَتَنْقَضِى عَجَائِبُهُ وَلاَيَخْلُقُ مِنْ كَثْرَةِ الرَّدِّ. اُتْلُوْهُ فَانَّ اللهَ يَاْجُرُكُمْ عَلَى تِلاَوَتِه كُلَّ حَرْفٍ عَشْرَحَسَنَاتٍ. اَمَا اِنِّي لاَاَقُوْلُ لَكُمْ الٓمٓ حَرْفٌ وَلكِنْ اَلِفٌ وَلاَمٌ وَمِيْمٌ» رَوَاهُ الْحَاكِمُ. |

# ئۈرۈمچى «تەڭرىقۇت» كىتابخانىسىنىڭ نەشردىن چىققان كىتابلىرى

ئەرەب تىلى دەرسلىكى (1) (دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

دوكتور ف. ئابدۇرەھىم تۈزگەن بۇ كىتاب مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ — ئەلجامىئەتۇلئىسلامىييە (ISLAMIC UNIVERSITY) نىڭ دەرسلىكى بولۇپ، بۇ بىرىنچى كىتاب ئۈچ قىسىم. سەكسەن يەتتە دەرسكە بۆلۈنگەن. بۇنىڭدا ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش. ئوقۇش — يېزىش مەشىقى، سۆزلىشىش، جۈملە تۈزۈش مەشىقى. گىرامماتىكا ۋە تېكىست قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئارقىلىق تېزلىكتە سۆزلىشىش ۋە ئەسەر تەرجىمە قىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلەيسىز.

قۇرئان كەرىم مەزمۇن ئاچقۇچى/ ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە قولايلىق لۇغەت (كَلِمَاتُ الْقُرْآن)

بۇ كىتاب ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ. بىرىنچى بۆلۈمدە: قۇرئان كەرىم مەزمۇنلار مۇندەرىجىسى — ئېتىقاد، ئىسلام رۇكنىلىرى. تەۋھىد، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. ناماز. رامىزان. زاكات ۋە سەدىقە، ھەج — ئۆمرە. ھەر خىل ئىبادەتلەر. ئىمان، قۇرئان كەرىم. ئىلىم — پەن. ئەمەل. ئەللاھ تەرەپكە چاقىرىش، ھەربىي ئىشلار. ئىنسان ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر. ئەخلاقىي ئالاقىلەر. ئىقتىسادىي ئالاقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھۆكۈم ئالاقىلىرى. سىياسىي ۋە ئومۇمىي ئالاقە. سودا ۋە يېزا ئىگىلىك. قىسسىلەر ۋە تارىخ. ھەر خىل دىيانەتلەر قاتارلىق مەزمۇنلار مۇندەرىجىسى؛ ئىككىنچى بۆلۈمدە: قۇرئان كەرىمدە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىن سۆزلۈكلەر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

### 99 ئىسمىنىڭ ئىزاھاتى

بۇ كىتابتا ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنىڭ ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى. ئاللاھنىڭ ھەربىر ئىسىم - سۈپىتىنىڭ ئىزاھاتى؛ بوۋاقتا ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى. بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۇچ كۈن ئەقىقە (قوي بوغۇزلاش) قىلىش. بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش. بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ چاچ شەكلى. باش كىيىم. چاچ بوياش. بوۋاقنىڭ خەتنىسىنى قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان.

### ئەدەپ ئاچقۇچى (مفتاھۇل ئەدەب)

بۇ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىي تۈزگەن بىلىم - ھېكمەت. مەدھىيە، باتۇرلۇق. مەرسىيە قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان كىتاب بولۇپ. بۇنىڭغا ئوبزورچى يالقۇن روزى يازغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمھالى قوشۇپ نەشر قىلىنغان.

### ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە مارجانلار

بۇ. سەھىھۇلبۇخارىي ۋە سەھىھۇلمۇسلىم ناملىق مەشھۇر ئىككى ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان، ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان. 1900 غا يېقىن ھەدىس - شەرىف كىرگۈزۈلگەن بولۇپ. كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان دىنىي مەسىلىلەردە سىزگە ئەڭ ياخشى يېتەكچى بولالايدۇ.

### ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە 500 جۈملە (جامئۇل ھەدىس — ھەدىس شەرىف توپلانمىسى)

مەزكۇر كىتابقا تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرايدىغان مەزمۇنلارغا يېتەكچى پىرىنسىپ بولىدىغان، يۈزگە يېقىن كىتابتىن تاللانغان 500 دانە ھەدىس شەرىف ۋە ھېكمەتلىك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

### ئەخلاقنامە، ھىدايەتنامە

«ئەخلاقنامە»ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ

ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنى ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي يازغان.

«ھىدايەتنامە (ئەسلى ئىسمى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ ھەق ۋىسالىغا يەتكۈزگۈچى. بۇ غەرب پەلسەپەسىگە رەددىيە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ)» ۋە «ئەي قەدىرلىك بالام» ناملىق ئىككى پارچە ئەسەرنى غەزالىي يازغان.

ئەي قەدىرلىك بالام (ئەرەبچە،ئۇيغۇرچە، قازاقچە)

بۇ ئەبۇ ھامىد ئىبنى مۇھەممەد غەزالى يازغان كىتاب بولۇپ. قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە مەشھۇر مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيلەش ھەققىدىكى تەسىھەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنت تەربىيلەشتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلامىي تەربىيلىنىشىگە ئاساسلىق ئۇل سالغۇچى بولاقتۇر.

سودا ـ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن خەنزۇچە سۆزلىشىش

بۇ. خەنزۇچە خەتنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى، پىنيىنى بار كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا 30 نەچچە بابلىق ھەرخىل مۇھىتتا خەنزۇچە سۆزلىشىش ئۇسۇللىرى، دۇنيادىكى 200 دەك دۆلەت، پايتەخت، پۇل ناملىرى، جۇڭگونىڭ ئۆلكە ـ شەھەر ناملىرى، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزا ناملىرىنىڭ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ. خەنزۇچە سۆزلەشنى تېزلىكتە ئۆگىنىشتىكى ياخشى قورال ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەب تىلى گراماتىكىسى (ئۈچ قىسىملىق)

بىرىنچى قىسىم: سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى )صرف ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى )معـزِى ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، تاۋۇش بەلگىلىرى )حركات ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما). ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدىكى ئاساسىي ئامىللار )تركيب عوامِل ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)، ئەرەب تىلى گراماتىكىسى

ھەققىدە قىسقىچە بايان (ضـــرىرى ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)ۋە ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكا ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

ئىككىنچى قىسىم: «شـــرح هدايـــة الـــنحو ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)». ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى «متن الأجرومي و شرح متن الأجرومي»، بىر قىسىم ئىسىمنى زىر قىلغۇچى ئامىللار «بقية حروف الجر» قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى قىسىم: «شرح كافية ئەرەبچە- ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما)»، «ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىدىكى يېگانە گۆھەر» «الفـــرائد اللـــؤ لئيـــة فى القواعـــد النحويـــة ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە سوئال- جاۋاب) قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تۈزۈلگەن.

ئورنى: رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 1- قەۋىتىدە
ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق

تېلېفون: 13999249197 , 2877704(0091)
E-mail: 2877704@maktoob.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۇچى: يۇسۇپجان داۋۇت

# ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى

*

تۈزگۈچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348- قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
قەلبداشلار كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 ملليمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى 4.75 قىستۇرما ۋارىقى 1
2001- يىل 7 - ئاي 1- نەشرى
2005- يىل 6- ئاي 2- بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 8000
ISBN – 228 – 06509 – 3/H.222
باھاسى: 7.00 يۈەن